# ﴿ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنغان ئەمەللا مەنپەئەت بېرىدۇ﴾

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]


پەزىلەتلىك شەيخ ئەلى ئىبنى ئابدۇراھمان ھۇزەيپى

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن.تەمكىنى



نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2010 - 1431

islamhouse.com

# ﴿ما عند الله خير وأبقى﴾

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الشيخ علي بن عبد الرحمن الحذيفي

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2010 - 1431

islamhouse.com

# ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنغان ئەمەللا مەنپەئەت بېرىدۇ

2010-يىلى 11-ئاينىڭ 19-كۈندىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

مەدىنە مۇنەۋۋەرە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئاللاھنى مەدھىيىلەپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت سالام يوللىغاندىن كېيىن جۈمە نامىزى ئۈچۈن توپلاشقان يۈزمىڭلىغان جامائەتكە "ھەقىقى خۇرسەنلىك گۇناھ-مەسىيەتتىن ساقلىنىپ ئاللاھغا تائەت-ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ" دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى.

ھەقىقى خۇرسەنلىك ياخشى كۆرگەن نەرسىگە ئېرىشىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. بەخت-سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلىش پاك نەپسنىڭ سۈپەتلىرىدىن بولۇپ، قەلب بۇنىڭغا مايىل بولىدۇ. ئەقىل ئىگىسى ئىنسان بۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن ھەركەت قىلىدۇ. مۇسۇلمانلار ئىنسانىنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىش بىلەن سايىدەك تېز يوقىلىدىغان دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىلىرىگە رىغبەتلىنىشتىن ھەزەر قىلىشى كېرەك. چۈنكى ھەقىقى خۇرسەنلىك ۋە كاتتا نىجاتلىق پەقەت گۇناھ-مەسىيەتلەردىن ساقلىنىپ ئاللاھقا تائەت-ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتىدىن خوشال بولسۇن، بۇ ئۇلارنىڭ يىغقان دۇنيا-ماللىرىدىن ياخشىدۇر». [سۈرە يۇنس 58-ئايەت].

ئاللاھنىڭ تەۋھىدىنى(بىرلىك ھەم بارلىقىنى)، ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسىنى، دۇئا، مەيلى ئاللاھتىن ياردەم سوراش بولسۇن ئاللاھ ئۈچۈن

ئىخلاس بىلەن قىلىش كېرەك. چۈنكى تەۋھىد دىنىنىڭ ئاساسىدۇر. ناماز ۋە نامازدىكى خاتىرجەملىكنى قوغداش، ئۇنى رەسۇلۇللاھ كۆرسەتكەن يول بىلەن ئوقۇش لازىم. كىمكى نامازنى دۇرۇس قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى دۇرۇس بولىدۇ ۋە دۇنيا ئاخىرەتتىكى كۈنلىرى بەخت ئىچىدە ئۆتىدۇ.

ھاجىلار ئۆزلىرىنىڭ ھەج پائالىيەتلىرىنى خوشال كەيپىيات ئىچىدە تۈگىتىپ، ئۆز ئانا دىيارىغا قايتىشماقتا. ھاجىلار ھەج پائالىيتىنى ئادا قىلىش جەريانىدىكى ۋە ھەجنى تۈگەتكەندىن كىيىنكى ئىمانى ئۆزۈقنى داۋاملىق كۈچلاندۇرۇپ تۇرۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۆز مىللىتى ئارىسىدا ئىبادەت ۋە ئەخلاقتا ئۈلگە بولىشى ئىنتايىن زۆرۈر. ھەج قىلغۇچى كىشى ھەج پائالىيتى جەريانىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى سىمۋول خاراكتىرلىق قېرىنداشلىق ۋە ئەپۇچانلىقنى ھاياتىدا ئۈلگە قىلىپ ياشىشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

ئۆز ئارا ئىسلامىي قېرىنداشلىقنى قوغداش ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ جىددى تەقەززاسى. ئىسلامىي قېرىنداشلىقنى قوغداش ئارقىلىق ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى بۆلۈنۈش ۋە ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ ئالدىنى ئىلىش مۇمكىن.